شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 10 ـ ئاي
26
شەنبە
维吾尔文 10 月26日

新疆日报网：www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65–0002/–W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى:1–57   ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com   24860 ـ سان   بۈگۈن 4 بەت

شى جىنپىڭ برازىلىيە زۇڭتۇڭى بولسونارو بىلەن سۆھبەتلەشتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىر **بەيجىي**) دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى خەلق سارىيىدا برازىلىيە زۇڭتۇڭى بولسونارو بىلەن سۆھبەتلەشتى.

شى جىنپىڭ بولسونارونىڭ جۇڭگوغا تۇنجى قېتىم زىيارەتكە كەلگەنلىكىنى قارشى ئالدى، ئۇنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى پەيتىدە ئەۋەتكەن قىزغىن تەبرىك تېلېگراممىسىغا رەھمەت ئېيتتى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو بىلەن برازىلىيە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا شەرقىي، غەربىي يېرىم شاردىكى ئەڭ ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە يېڭى گۈللەنگەن بازار دۆلەتلىرى ۋە ئەڭ چوڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر. جۇڭگو بىلەن برازىلىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 45 يىلدىن بۇيان، ئىككى تەرەپ باشتىن ـ ئاخىر ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ، بىر ـ بىرىگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىش، ئورتاق تەرەققىي قىلىشتىكى ئۈلگىگە ئايلاندى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ 18 ـ قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىدە مۇنداق تەكىتلىدى

رايون ـ بۆلەك زەنجىرىنى يادرولۇق تېخنىكىدا ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىشتىكى مۇھىم بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، رايون ـ بۆلەك زەنجىرى تېخنىكىسى ۋە كەسىپدە يېڭىلىق يارىتىش، راۋاجلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىش كېرەك

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن رايون ـ بۆلەك زەنجىرى تېخنىكىسى تەرەققىياتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە يۈزلىنىشى توغرىسىدا 18 ـ قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىش قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ ئۆگىنىشكە رىياسەتچىلىك قىلغاندا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: رايون ـ بۆلەك زەنجىرى تېخنىكىسىنى توپلاشتۇرۇپ ئەمەلىي قوللىنىش يېڭى تېخنىكا يېڭىلاش ۋە كەسىپ ئۆزگىرىشىدە مۇھىم رول ئوينىماقتا. بىز رايون ـ بۆلەك زەنجىرىنى يادرولۇق تېخنىكىدا ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىشتىكى مۇھىم بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، ئاساسىي ھۇجۇم يۆنىلىشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، سېلىنما سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، بىر تۈركۈم ئاچقۇچلۇق يادرولۇق تېخنىكىنى ئىگىلەشكە كۈچەپ، رايون ـ بۆلەك زەنجىرى تېخنىكىسى ۋە كەسىپدە يېڭىلىق يارىتىش، راۋاجلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىشىمىز كېرەك.

جېجياڭ داشۆسىنىڭ پروفېسسورى، جۇڭگو ئىنژېنېرلىق ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى چېن چۈن بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈردى ھەم پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىدىكى ھەرقايسى يولداشلار چۈشەندۈرۈشنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى ھەم مۇزاكىرە قىلدى.

شى جىنپىڭ ئۆگىنىشكە رىياسەتچىلىك قىلغاندا سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: رايون ـ بۆلەك زەنجىرى تېخنىكىسىنى ئەمەلىي قوللىنىش رەقەملىك پۇل مۇئامىلە، نەرسە تورى، ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياساش، تەمىنلەش زەنجىرىنى باشقۇرۇش، رەقەملىك مۈلۈك سودىسى قاتارلىق كۆپ ساھەگە كېڭەيدى. نۆۋەتتە، پۈتۈن يەر شارىدىكى ئاساسلىق دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى رايون ـ بۆلەك زەنجىرى تېخنىكىسى تەرەققىياتىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى تېزلەتتى. دۆلىتىمىز رايون ـ بۆلەك زەنجىرى ساھەسىدە ياخشى ئاساسقا ئىگە، رايون ـ بۆلەك زەنجىرى تېخنىكىسى ۋە كەسىپدە يېڭىلىق يارىتىش، راۋاجلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىپ، رايون ـ بۆلەك زەنجىرى ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىغا پائال تۈرتكە بولۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئاساسىي تەتقىقاتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئەسلىي يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، تىرىشىپ دۆلىتىمىزنى رايون ـ بۆلەك زەنجىرىدىن ئىبارەت بۇ يېڭى گۈللەنگەن ساھەدە نەزەرىيە جەھەتتە ئەڭ ئالدىدا ماڭدۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئېگىزلىك نۇقتىسىنى ئىگىلەپ، كەسىپ يېڭى ئەۋزەللىكىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. ھەمكارلىشىپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، يادرولۇق تېخنىكىلاردا بۆسۈش ھاسىل قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، رايون ـ بۆلەك زەنجىرىنى ئەمەلىي قوللىنىش، راۋاجلاندۇرۇشنى بىخەتەر، كونترول قىلغىلى بولىدىغان تېخنىكا تىرىكى بىلەن تەمىنلەش كېرەك. رايون ـ بۆلەك زەنجىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، خەلقئارادا سۆز قىلىش ھوقۇقى ۋە قائىدە تۈزۈش ھوقۇقىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. كەسىپلەر تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، بازار ئەۋزەللىكىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىش زەنجىرى، ئەمەلىي قوللىنىش زەنجىرى، قىممەت زەنجىرىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. رايون ـ بۆلەك زەنجىرى كەسىپ ئېكولوگىيەسىنى بەرپا قىلىپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ 2019 ـ يىللىق «جۇڭگونى چۈشىنىش» خەلقئارا يىغىنىغا قاتناشقان چەت ئەل تەرەپ ئەزىز مېھمانلىرى ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر **بەي جېي**) دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى خەلق سارىيىدا 2019 ـ يىللىق «جۇڭگونى چۈشىنىش» خەلقئارا يىغىنىغا قاتناشقان چەت ئەل تەرەپ ئەزىز مېھمانلىرى ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلار بىلەن كوللېكتىپ خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى. شى جىنپىڭ ئۇلارنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ھەقىقىي تۈردە «جۇڭگونى چۈشىنىپ»، ھەقىقىي تۈردە جۇڭگو بىلەن چەت ئەللەرنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشى ۋە تونۇشىنى كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلدى.

ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى قاتارلىقلار يۇقىرىقى پائالىيەتكە قاتناشتى.

«جۇڭگونى چۈشىنىش» خەلقئارا يىغىنىنى دۆلەت يېڭىلىق يارىتىش ۋە تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى تەتقىقات جەمئىيىتى، جۇڭگو خەلق دىپلوماتىيە ئىلمىي جەمئىيىتى، 21 ـ ئەسىر كېڭىشى ئورتاق تەشەببۇس قىلغان بولۇپ، ئۈچ نۆۋەت مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىلقى يىغىنىنىڭ باش تېمىسى «يېڭى بىر نۆۋەتلىك ئىقتىسادنى يەر شارىۋىلاشتۇرۇش ۋە جۇڭگونىڭ ئىسلاھاتى، ئېچىۋېتىشىدە قايتا يولغا چىقىش». پۈتۈن يەر شارىدىكى 30دىن ئارتۇق داڭلىق سىياسىيون، ئىستراتېگىيەچى، ئالىم ۋە كارخانىچى يىغىنغا قاتناشتى.

شى جىنپىڭ جۇڭيى تېبابىتى ـ دورىگەرلىكى خىزمىتىگە قارىتا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنداق تەكىتلىدى

جەۋھىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىپ، ساغلام جۇڭگو قۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش كېرەك

لى كېچياڭ تەستىقىي يوليورۇق بەردى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا جۇڭيى تېبابىتى ـ دورىگەرلىكى خىزمىتىگە قارىتا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭيى تېبابىتى ـ دورىگەرلىك ئىلمى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ساغلام كۈتۈنۈش ئىدىيەسى ھەم ئۇنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىنىڭ بىر ئەڭگۈشتەرى، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مول ئەقىل ـ پاراستى مۇجەسسەملەنگەن.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش كەيپىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇش قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرىنى توغرا تېپىپ چىقىش

—— ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا ئالغا سىلجىتقانلىقى توغرىسىدىكى يۈرۈشلۈك ئومۇمىي بايان

2 ـ تۈركۈمدىكى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، ئالىي مەكتەپلەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىش، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلار باشلامچى بولۇپ، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، بىرىنچى سەپكە چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش كەيپىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق تۈزىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، «ئوخشاش بولۇش، دەل جايىدا بولۇش، ئەمەلىي بولۇش» تەلىپى بويىچە مەسىلە تىزىملىكى تۇرغۇزۇپ، بىر تۈر ـ بىر تۈردىن تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتتى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايوننىڭ مەدەنىي شەھەرلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى

دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، مەدەنىي شەھەر بەرپا قىلىش خىزمىتىنى سىجىل، چوڭقۇر، ياخشى تۇتۇش كېرەك

مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، 2017 —— 2019 ـ يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ مەدەنىي شەھەرلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى پېڭشىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى تيەن ۋېن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىنىنىڭ روھى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پەن ـ تېخنىكا خاس ۋەكىلى تۈزۈمى يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقى توغرىسىدا بەرگەن مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى قاتارلىقلار يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇش كېرەك

چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي خەۋەر قىلىدۇ: 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىنىنىڭ روھى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پەن ـ تېخنىكا خاس ۋەكىلى تۈزۈمى يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقى توغرىسىدا بەرگەن مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى قاتارلىقلارنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرىنى تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ باش نىشانى، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى مۇقىم، يۇقىرى ئۈنۈملۈك تۈزۈم سىستېمىسى بىلەن تەمىنلەشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى، پۈتۈن پارتىيەنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىپىسى. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

دىڭىز سۈيىگە چىداملىق شال ھوسۇلى ئۆلچەندى مو بېشى ھوسۇلى 546.74 كىلوگرام بولدى

مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يوپۇرغا ناھىيەسى بايئاۋات يېزىسى ئاراگەمە كەنتىدە ھوسۇل ئۆلچىمەكتە (10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى تارتىلغان).

10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، يۈەن لۇڭپىڭنىڭ دىڭىز سۈيىگە چىداملىق شال پەن تەتقىقات ئۆمىكى يېتىشتۈرگەن شورلۇق سۇغا چىداملىق شال(دىڭىز سۈيىگە چىداملىق شال)نىڭ ھوسۇلى يوپۇرغا ناھىيەسىدە ئاشكارا ئۆلچەندى. ھوسۇل ئۆلچەش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ باھالاپ بېكىتىشى ئارقىلىق، ئەڭ ئاخىرىدا نەزەرىيە مو بېشى ھوسۇلى نەتىجىسى 546.74 كىلوگرام/مو بولدى. □ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى دىڭ لېي فوتوسى**

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئېغىر نامرات ناھىيەلىرىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەردىكى 126 مىڭ ئەمگەك كۈچى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى

ئاپتونوم رايونىمىز ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش بويىچە ئۈچ يىلدا 100 مىڭ ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نىشان ـ ۋەزىپىسىنى مۇددەتتىن بۇرۇن تاماملىدى

مۇخبىرىمىز لى چۈنشىيا، پىراكتىكانت جيەن شياۋچى خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 2018 ـ يىلدىن بۇ يىل 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 22 ئېغىر نامرات ناھىيە «ئائىلە بىر تۈركۈم» يولى ئارقىلىق ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەردىكى 126 مىڭ 627 ئەمگەك كۈچىنى تەشكىللىك يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش بويىچە ئۈچ يىلدا 100 مىڭ ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نىشان ـ ۋەزىپىسىنى مۇددەتتىن بۇرۇن تاماملىدى.

«مەن كەنتتە قۇرۇلغان زاۋۇتتا ئىشلەيمەن، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالايمەن، ھەر ئايدا يەنە 2000 يۈەن مائاشىم بار. مەن بۇ يەردە خىزمەت قىلغان بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتا 10 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل يىغدىم» دېدى 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى يەكەن ناھىيەسى ئۇدانلىق بازىرى بويالا كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئاينىيازخان قۇدرەت خۇشال ھالدا.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)